

# ھاياتلىق نۇرى

# ھاياتلىق نۇرى

ھەممىدىن قادىر ھەم شەپقەتلىك خۇدا ئەسلىدىلا مۇكەممەل بىر دۇنيا ياراتقانىدى. بۇ دۇنيادا، ئەجدادىمىز ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇدا ۋە تەبىئەت بىلەن بىرلىكتە ئىناق ياشىغانىدى. خۇدا ئىنسانلارغا بۇ مۇكەممەل دۇنيادا ئۆزى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ، خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە مەڭگۈ ياشاشنى ئىرادە قىلغان. لېكىن، بۈگۈنكى دۇنيا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. سىز بۇ دۇنياغا نەزەر سالسىڭىز، رەزىللىك، ئادالەتسىزلىك، ئۆچمەنلىك، ئۇرۇش، نەپسانىيەتچىلىك، نامراتلىق، كېسەللىك، قاتىللىق ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنى كۆرىسىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدا ھەرگىز ئەسلىدە ياراتقان نەرسىلەر بولماستىن، بىز ئىنسانلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىمىزدىن كېلىپ چىققان. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى گۇناھنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنداقتا، گۇناھ زادى قانداق پەيدا بولغان؟

## گۇناھنىڭ مەنبەسى

شەپقەتلىك خۇدا گۇناھنى ياراتمىغان. گۇناھ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە سېلىشى ئارقىلىق دۇنيايىمىزغا كىرگەن. جەننەتتە شەيتان خۇداغا ئاسىيلىق قىلغان. ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ قۇدرەتكە تولغان ئەڭ گۈزەل پەرىشتە ئىدى. لېكىن، ئۇ تەكەببۇرلىشىپ، خۇدا بولۇۋالغۇسى كېلىپ خۇدا بىلەن ھوقۇق تالاشتى. شۇنىڭ بىلەن، خۇداغا ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن، شەيتاننىڭ تۈپ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ، پۈتۈن گۇناھ ۋە پاسىق روھلارنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، خۇدا شەيتاننى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاسىيلىق قىلغان باشقا يامان روھلارنى (جىنلار دېمەكچى) جەننەتتىن يەرگە قوغلىۋەتتى.

خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنى ياراتقاندىن كېيىن، ئۇلارغا بۇ دۇنيايىمىزنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئاتا قىلغانىدى. ئۇلار خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلىسىلا، بۇ ھوقۇقنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايتتى. ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىغا خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى چۈشكەن. خۇدا ئۇلارنى ئېرەم باغ، دەپ ئاتالغان گۈزەل بىر باغقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە ئىككى تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، بىرى ھاياتلىق بېرىدىغان دەرەخ، يەنە بىرى ياخشى بىلەن ياماننى بىلدۈرىدىغان دەرەخ ئىدى. خۇدا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ باغدىكى

بارلىق دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى خالىغانچە يېيىشكە رۇخسەت قىلىپ، پەقەتلا ئاشۇ ياخشى بىلەن يامانني بىلدۈرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېيىشنى مەنئى قىلغانىدى.

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ خۇشاللىقى ۋە ھوقۇقىنى كۆرگەن شەيتاننىڭ قەلبى ھەسەتخورلۇق بىلەن تولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزۇش ۋە ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. مۇقەددەس كىتاب تەۋراتتا بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

(شەيتان ئېرەم باغقا كىرىپ)
«ھاۋائانىدىن:
ــ خۇدا باغدىكى ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشىڭلارنى راستتىن مەنئى قىلدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ھاۋائانا:
ــ باغدىكى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسەك بولىدۇ. پەقەت باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېسەك بولمايدۇ. خۇدا بىزنىڭ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشىمىزنى، ھەتتا ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈشىمىزنىمۇ مەنئى قىلدى. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلساق، ئۆلىمىز، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

يىلان ھاۋائانىغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ــ يالغان! ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر! خۇدا، سىلەرنىڭ ئۇنى يېسەڭلار، كۆزۈڭلارنىڭ ئېچىلىپ ئۆزىگە ئوخشاش ياخشى بىلەن يامانني بىلىدىغان بولۇپ قالىدىغىنىڭلارنى بىلىدۇ.
ھاۋائانا بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ چىرايلىق ۋە شېرىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېسە قانچىلىك ئەقىللىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، مېۋىدىن ئۈزۈپ يېدى. يېنىدا تۇرغان ئېرىگىمۇ بەردى، ئۇمۇ يېدى» (تەۋرات: «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 3ـ باب، 1ـ ئايەتتىن 6ـ ئايەتكىچە).

نەتىجىدە، ھاۋائانا، ئاندىن ئادەمئاتا شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ، ياخشى

بىلەن ياماننى بىلدۈرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى. يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ، نومۇس قىلىپ يوپۇرماق بىلەن تېنىنى ياپتى. خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغاچقا، ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ، بىر-بىرسىنى ئەيىبلەپ تاپا-تەنە قىلىشقا باشلىدى. شەيتان ئۇلارنى ھەقىقەتەن ئالداپ كەتتى. ئۇ مېۋىنى يېمەستە، ئۇلار مۇكەممەل پاكلىق ئىچىدە ياشايتتى، لېكىن ئەمدى خۇدادىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. مانا بۇ، ئىنسانلارنىڭ تۇنجى گۇناھىنىڭ نەتىجىسى! خۇدا، ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ ھاياتلىق بېرىدىغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى قايتا يېمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەمدى گۈزەل ئېرەم باغدىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئەمدى مەڭگۈ ھاياتلىقتىن مەھرۇم بولۇپ، گۇناھنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا قالدى. بۇ دۇنيامۇ خۇدانىڭ لەنىتىگە قالدۇرۇلغاچقا، ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا جېنىنىڭ بارىچە قاتتىق ئىشلەپ ئۆزىنى بېقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇلار تاكى ئۆلگۈچە مانا شۇنداق جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتۈپ، مەلۇم ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتىدىغان بولدى.

قىسقىسى، ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا خۇدادىن شەيتانغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ خۇداغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئىنسانلارغا گۇناھ بىلەن ئۆلۈمنى ئېلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان قۇدرەتنى شەيتانغا ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەيتان بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ، بۇ دۇنيانى گۇناھنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئىدارە قىلىدىغان بولدى. شەيتان ھېچقانداق كىشىنىڭ خۇدا بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىنى خالىمايدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

خۇدا بولسا ھەمىشە ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن مەڭگۈ زىچ ئالاقە ئورنىتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنى شۇ مەقسەت بىلەن ياراتقانىدى. لېكىن، ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا گۇناھ ئۆتكۈزگەچكە، ئىنسانلارنىڭ خۇدا بىلەن بولغان بىۋاسىتە ئالاقىسى بۇزۇلدى. ئىنسان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانىنىڭ گۇناھكار ماھىيىتىنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالدى. بۇنداق گۇناھكار روھ كىشىلەرگە ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بەزىلەر بۇنى سېزىپ، دىنىي مۇرىتلارغا ئايلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق خۇدا بىلەن ئالاقىلىشىشكە تىرىشىدۇ. لېكىن، ئۇلار تۇغۇلغاندىن تارتىپلا روھى ئۆلۈك ۋە كۆڭلى گۇناھ بىلەن تولغانلىقتىن خۇدانى تونۇيالمايدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ كالامدۇر

شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، خۇدا گۇناھنى ئىنتايىن يامان كۆرسىمۇ، ئىنسانلارغا كۆيۈنىدۇ. خۇدا يورۇقلۇقتۇر. ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ ياكى قاراڭغۇلۇق يوق. خۇدا ئىنسانلارغا كۆيۈنگەچكە، ئىنسانلار بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىشنى خالايدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئىناق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، گۇناھ خۇدا بىلەن ئىنسان ئارىسىغا قويۇلغان توساقتۇر. شۇڭا، خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ئارقىلىق گۇناھنى يوقىتىشنى قارار قىلغان. گۇناھنى يوقىتىش ئۈچۈن گۇناھسىز بىر كىشى كېرەك ئىدى. بۇ دۇنيادا ئۇنداق كىشى يوق بولغاچقا، خۇدا ئاسماندىن ھەزرىتى ئەيسانى ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەيسا پەقەت بىر پەيغەمبەرلا ئەمەس. ئۇ دۇنيا يارىتىلىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ مۆجىزىسى ئارقىلىق دۇنياغا كەلدى. تۇغۇلۇشىدىن 700 يىل ئىلگىرى خۇدا ھەزرىتى ئەيسا ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

> «— مەن سىلەرگە بىر بېشارەت بېرىمەن: پاك بىر قىز ئوغۇل تۇغىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئىمانۇئېل (يەنى خۇدا بىز بىلەن بىللە) قويۇلىدۇ» («ياشايا كىتاب» 7-باب، 14-ئايەت).

خۇدانىڭ بۇ بېشارىتى 700 يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. نىكاھلانمىغان پاك قىز مەريەم مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھامىلىدار بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسانى تۇغدى. ھەزرىتى ئەيسا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئاللانىڭ كالامى (يەنى خۇدانىڭ سۆزى) دەپ ئاتالغان.

مۇقەددەس ئىنجىلدا ھەزرىتى ئەيسا نۇرغۇن قېتىم خۇدانىڭ سۆزى، دەپ ئاتالغان. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكى، خۇدانى چۈشەندۈرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەزرىتى ئەيسا تۇغۇلغاندا، خۇدانىڭ سۆزى جىسمانىي تەنگە ئايلىنىپ ئادەم بولۇپ كەتتى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ روھى ئۆلمەستۇر. ئۇ قۇرئان كەرىمدە روھۇللا، دەپ ئاتالغان. ئۇ مۇكەممەل، مۇقەددەس ۋە گۇناھتىن پۈتۈنلەي خالىي. ئادەمئاتا يارىتىلغاندا گۇناھسىز بولغىنىدەك، ھەزرىتى ئەيسامۇ گۇناھسىز بولغاچقا، مۇقەددەس ئىنجىلدا «ئىككىنچى ئادەمئاتا» دەپمۇ ئاتالغان. لېكىن ئۇنىڭ بىرىنچى ئادەمئاتىغا ئوخشىمايدىغان يېرى مانا شۇكى، ئۇ شەيتان تەرىپىدىن سىنالغاندا، ئۇنى رەت قىلىپ گۇناھ سادىر قىلمىدى. ھەزرىتى ئەيسا دۇنيادا بىردىنبىر گۇناھسىز ئادەم. ئۇ گۇناھسىز

بولغاچقا، شەيتان، گۇناھ ۋە ئۆلۈمنى بويسۇندۇرالايدۇ. خۇدا ھەزرىتى ئەيسانى بۇ دۇنياغا ئىنسانلارغا يېڭى بىر دىننى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەمەس، ئۇنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتى شەيتاننىڭ قىلغان رەزىللىكلىرىنى يوقىتىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

شەيتان ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىملىكىنى بىلەتتى. ھەزرىتى ئەيسا 30 يېشىدا، مۇقەددەس روھ ئۇنى چۆلگە ئېلىپ باردى. ھەزرىتى ئەيسا شۇ يەردە روزا تۇتۇپ، دۇئا قىلدى. توپتوغرا قىرىق كۈن ھېچ نەرسە يېمىدى. قىرىق كۈنلۈك مۇددەت توشۇشقا ئاز قالغاندا، شەيتان ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى سىنىماقچىدى. شەيتان ھەزرىتى ئەيسانى ناھايىتى ئېگىز بىر تاغقا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى پۈتۈن يۇرتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەللىكلىرىنى كۆرسىتىپ:

> «ــ ئەگەر ماڭا سەجدە قىلساڭ، مانا بۇ دۆلەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى ۋە شان ـ شەۋكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تەقدىم قىلىمەن. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تاپشۇرۇلدى. مەن ئۇنى كىمگە بېرىشنى خالىسام، شۇنىڭغا بېرىمەن،ــ دېدى.
> ھەزرىتى ئەيسا جاۋاب بېرىپ، مۇنداق دېدى:
> ــ تەۋراتتا: ‹ رەببىڭلار بولغان خۇداغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، پەقەت ئۇنىڭغىلا خىزمەت قىلىڭلار! › دېيىلگەن» (ئىنجىل: «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4 ـ باب، 6 ـ ئايەتتىن 8 ـ ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇدرىتى

سىناقتىن كېيىن، شەيتان ھەزرىتى ئەيسادىن چىقىپ كەتتى. ھەزرىتى ئەيسا ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا تاقابىل تۇرالمىغان سىناققا تاقابىل تۇردى. ئۇ شەيتانغا ئىتائەت قىلماي، پەقەت خۇداغا ئىتائەت قىلدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ۋە قۇدرىتىگە تولغان ھەزرىتى ئەيسا كىشىلەرگە تەلىم بېرىشكە باشلىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

> «پەيت پىشىپ يېتىلدى! خۇدانىڭ سەلتەنىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئاز قالدى. گۇناھىڭلارغا تۋۋا قىلىپ، مەن جاكارلاۋاتقان خۇش خەۋەرگە ئىشىنىڭلار!» (ئىنجىل:«ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1 ـ باب، 15 ـ ئايەت).

شەيتانغا سەجدە قىلدىغان جىمى پاسىق روھلارمۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ كىملىكىنى بىلەتتى. بىر كۈنى، ھەزرىتى ئەيسا بىر ئىبادەتخانىدا تەلىم بېرىۋاتقاندا، پاسىق روھ چاپلاشقان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ۋارقىراپ شۇنداق دېدى:

«ئەي ناسىرەلىك ئەيسا! سەن نېمىشقا بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىسەن؟ سەن بىزنى يوقاتقىلى كەلدىڭمۇ؟ سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، سەن خۇدانىڭ مۇقەددىسىسەن!

ھەزرىتى ئەيسا يامان روھقا بۇيرۇق قىلىپ:

شۈك بول! بۇ ئادەمدىن چىقىپ كەت! ــ دېدى. پاسىق روھ ھېلىقى ئادەمنى قاتتىق تىترەككە سالدى ۋە قاتتىق ۋارقىراپ، ئۇنىڭ تېنىدىن چىقىپ كەتتى» (ئىنجىل: «ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1ـ باب، 23ـ ئايەتتىن 26ـ ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا يەنە كېسەللەرنى ساقايتىش قۇدرىتىگىمۇ ئىگە ئىدى:

«توپىنىڭ ئىچىدە خۇن تەۋرەش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا ئون ئىككى يىل بولغان بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇ بار پۇلىنى تېۋىپلارغا خەجلەپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ساقايتالمىغانىكەن. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى سىلاپ قويۇۋىدى، خۇن شۇ ئان توختىدى.
ــ پېشىمنى تۇتقان كىم؟ــ دەپ سورىدى ھەزرىتى ئەيسا.
كۆپچىلىك: ‹ تۇتمىدۇق › دېيىشتى.
ــ ئۇستاز، پېشىڭىزنى ھېچكىم تۇتمىدى، ــ دېدى پېترۇس، ــ تۆت ئەتراپىڭىزنىڭ ھەممىسى ئادەم، كۆپچىلىك سىزنى قىستاپ ئۆرىۋالدى.
لېكىن ھەزرىتى ئەيسا:
ــ ياق! بىرسى قەستەن پېشىمنى تۇتتى. چۈنكى، تېنىمدىن كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ چىققىنىنى سەزدىم!ــ دېدى.
ھېلىقى ئايال ھەزرىتى ئەيسانىڭ سېزىپ قالغانلىقىنى

بىلىپ، تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئەيسانىڭ پېشىنى نېمىشقا تۇتقانلىقىنى ھەم شۇ ئان ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.
— قىزىم، ئىشەنچىڭ سېنى ساقايتتى! تىنچ-ئامان بول،
— دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا» (ئىنجىل:«لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 43-ئايەتتىن 48-ئايەتكىچە).

يەنە بىر قېتىم مۇنداق ئەھۋال بولدى:

«ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا گاس ۋە گاچا بىر ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ، قولىنى قويۇپ ساقايتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلىشتى.
ھەزرىتى ئەيسا كېسەلنى خالايىقتىن ئايرىپ بىر چەتكە ئېلىپ چىقىپ، بارماقلىرىنى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا تىقتى ۋە تۈكۈرۈپ، ئۇنىڭ تىلىنى تۇتتى. ھەزرىتى ئەيسا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ، چوڭقۇر ئاھ ئۇردى ۋە ھېلىقى ئادەمگە:
— ئېچىل!— دېدى.
ئۇ ئادەمنىڭ قۇلاقلىرى شۇ ئان ئېچىلىپ، تىلمۇ يۇمشىدى ۋە راۋۇرۇس گەپ قىلىشقا باشلىدى.
ھەزرىتى ئەيسا ئۇ يەردىكىلەرگە بۇ ھەقتە ھېچكىمگە تىنماسلىقنى جېكىلىدى، لېكىن ئۇ قانچىلىك جېكىلىسىمۇ، ئۇلار بۇ خەۋەرنى شۇنچە كەڭ يېيىۋەتتى.
بۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ھەيران بولۇشتى. ئۇلار:
— ئۇ ھەممە ئىشنى ياخشى قىلدى! گاسنى ئاڭلىيالايدىغان، گاچىنى سۆزلىيەلەيدىغان قىلدى! — دېيىشتى» (ئىنجىل: «ماركۇس» 7-باب، 32-ئايەتتىن 37-ئايەتكىچە).

بىر كۈنى، ھەزرىتى ئەيسا خالايىق بىلەن كېتىۋاتقىنىدا، بارتىماي ئىسىملىك بىر قارىغۇ يول بويىدا ئولتۇرۇپ، تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ، ناسىرەلىك ئەيسانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:

«ھەزرىتى ئەيسا ئېرىخا شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە، بىر قارىغۇ يولنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كۆپچىلىكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى سوراشتۇردى. بىرى ئۇنىڭغا:

— ناسرەلىك ئەيسا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ ئۇقتۇردى.

— ئى پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى ئەيسا، ماڭا رەھىم قىلغايسىز! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان كىشىلەر تىلەمچىنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ ئۈن چىقارماسلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇ:

— ئى پادىشاھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادى، ماڭا رەھىم قىلغايسىز!

— دەپ تېخىمۇ ۋارقىرىدى.

ھەزرىتى ئەيسا قەدىمىنى توختىتىپ، قارىغۇنى ئالدىغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. قارىغۇ يېقىن كەلگەندە، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭدىن:

— مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئى رەببىم، كۆزۈمنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن!

— دېدى قارىغۇ.

— كۆزلىرىڭ ئېچىلدى! ماڭا باغلىغان ئىشەنچىڭ سېنى ساقايتتى، — دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا.

قارىغۇنىڭ كۆزى شۇ ئان ئېچىلىپ، ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىپ، يول بويى خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن خالايىقمۇ خۇدانى مەدھىيىلەپ ماڭدى» (ئىنجىل: «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 18-باب، 35- ئايەتتىن 43-ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا ئۆلۈمنى بويسۇندۇرۇش قۇدرىتىگىمۇ ئىگە ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ نائىن دېگەن بىر شەھەرنى زىيارەت قىلدى:

«ئۇ شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە، جىنازا كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان بىر توپ ئادەمگە يولۇقۇپ قالدى. ئۆلگۈچى بىر تۇل ئايالنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. شەھەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھېلىقى تۇل ئايال بىلەن بىللە

چىققانىدى. بۇ ئايالنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەيسا ئىچىنى
ئاغرىتقان ھالدا ئۇنىڭغا:
— يىغلىماڭ! — دېدى. ئاندىن تولىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ،
جىنازىغا قولىنى تەگكۈزگەنىدى، جىنازا كۆتۈرگەنلەر
توختىدى. ھەزرىتى ئەيسا:
— يىگىت، ئورنۇڭدىن تۇر! — دېيىشى بىلەنلا، ئۆلۈپ
قالغان يىگىت قوپۇپ، گەپ قىلىشقا باشلىدى. ھەزرىتى
ئەيسا ئۇنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
قورقۇنچ باسقان كۆپچىلىك:
— ئارىمىزدىن ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەر چىقتى!
— خۇدا بىزگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى! — دەپ
خۇدانى مەدھىيىلىدى» (ئىنجىل: «لۇقا» 7-باب،
12-ئايەتتىن 16-ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمنى يېڭىش قۇدرىتى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«ئىنسانلارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگۈچى ۋە ھاياتلىق
بەرگۈچى ئۆزۈمدۇرمەن! — دېدى ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا،
— ماڭا ئېتىقاد قىلغان كىشى ئۆلسىمۇ، يەنە ھايات
بولىدۇ! ماڭا ئېتىقاد قىلىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا
ئېرىشكەنلەر ئەسلا ئۆلمەيدۇ!» (ئىنجىل: «يۇھاننا»
11-باب، 25- ۋە 26- ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى دۇنيانىڭ نۇرى دەپمۇ ئاتىغانىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن:

«دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئەگەشكەنلەر
قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ. ئەكسىچە، ھاياتلىق نۇرىغا
ئېرىشىدۇ» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش
خەۋەر» 8-باب، 12-ئايەت).

ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۈشمەنلىرى

ھەزرىتى ئەيسا يۇقىرىقىدا بايان قىلىنغان ھەمدە باشقا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى خۇدانىڭ ئەۋەتكەنلىكىگە يەھۇدىي ئاقساقاللار ۋە موللىلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئىشەنمىدى. ھەزرىتى ئەيسا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا شۇنداق دېدى:

«سىلەر بۇ يەرلىك بولۇپ، بۇ دۇنياغا تەۋە. مەن بولسام ئەرشتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ دۇنياغا تەۋە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەرگە: ‹ گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈلۈم قىلىنماي ئۆلىسىلەر › دېدىم. چۈنكى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ‹ مەڭگۈ بار بولغۇچى › (بۇ خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئاشكارىلىغان ئۆزىنىڭ نامى بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسامۇ بۇ نامنى ئۆزىگە قوللانغان) ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسەڭلار، گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈلۈم قىلىنماي ئۆلىسىلەر، ــ دېدى» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 23- ۋە 24-ئايەت).

يەھۇدىي ئاقساقاللار ۋە موللىلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئاجايىپ مەنىلىك سۆزلىرىگە ئىنتايىن ھەسەتخورلۇق قىلاتتى، ھەمدە ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىناۋىتىدىن قورقۇشاتتى. يەھۇدىي موللىلار كىشىلەرگە سانسىز دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيتتى. ھەزرىتى ئەيسا بولسا خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇكەممەل ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى ۋە ئىنسانلارغا پەقەت ئۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانسىلا ھەمدە گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلسىلا، مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى تاپالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ھەزرىتى ئەيسا دىنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەنئەنىلەر توغرىسىدا باش-ئايىغى چىقماس سۆزلەرنى قىلمىدى، كىشىلەرگە ھاياتلىق يولىنىلا ئۆگەتتى. ھەزرىتى ئەيسا يەھۇدىي موللىلارنى ئاچكۆز، ساختا ئۇستازلار، شۇنداقلا پاك قىياپەتكە كىرىۋالغان رەزىللەر، دەپ ئاتىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەيساغا ئەگىشىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ نامى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغانسېرى، يەھۇدىي ئاقساقاللار ۋە موللىلار ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى. ئۇلار خەلقنى تىزگىنلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەزرىتى ئەيساغا قارشى چىقىپ، ئۇنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ھەرىكەت قىلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئىغۋا توقۇپ، بەتنام چاپلاپ، كىشىلەرنى ھەزرىتى ئەيساغا قارشى چىقىشقا قۇتراتتى. كېيىن، ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەلچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىشقارىيوتلۇق يەھۇدانى قۇترىتىپ 30 سەر كۈمۈش تەڭگىگە ھەزرىتى ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلىشقا قايىل قىلدى.

شۇ مەزگىلدە، ھەزرىتى ئەيسا تۇغۇلغان دۆلەت پەلەستىن رىم پادشاھى قەيسەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئاددىي يەھۇدىي پۇقرالىرى ھەزرىتى

ئەيسانىڭ ئۆزلىرىگە پادىشاھ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلار بىر پادىشاھلىق قۇرۇپ، رىم لەشكەرلىرىنى ئۆز زېمىنىدىن مەڭگۈلۈك قوغلاپ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، ھەزرىتى ئەيسا قۇرىدىغان پادىشاھلىق بۇ پانىي دۇنيادىكى پادىشاھلىق ئەمەس، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقى ئىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى چۈشەنمەي، ھەزرىتى ئەيساغا قارشى چىقىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇدا ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلار ئىدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ خەلق ۋە ئاقساقاللار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدى. ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ قېنى ئارقىلىق بۇ دۇنيادىكى پۈتكۈل گۇناھلارنى يۇيۇپ كەچۈرمەكچى بولغانىدى. خۇدا ئىنسانلارنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن گۇناھسىز ھەزرىتى ئەيسانىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ، ئازاب تارتىپ قۇربان بولۇشىغا يول قويغانىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن 700 يىل ئىلگىرى خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ياشايا پەيغەمبەر تەرىپىدىن تۆۋەندىكىدەك بېشارەت قىلىنغانىدى. خۇدا مۇنداق دېدى:

«ــ كۆرۈڭلاركى، مېنىڭ قۇلۇم دانالىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، بەك يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلىدۇ. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قالىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ چىھرى شۇنچە زەخىملەنگەن، قىياپىتى شۇ دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەنكى ئۇنىڭدا ھەتتا ئادەم سىياقىمۇ قالمىدى! شۇنداقتىمۇ، ئۇ نۇرغۇن قوۋملارغا قان چېچىپ، گۇناھلىرىنى يۇيىدۇ».

ياشايا پەيغەمبەر يەنە مۇنداق يازغانىدى:

«بىزنىڭ خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەنگەن؟ خۇدانىڭ قۇلى ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى يۇمران مايسىدەك ئۆسكەن. ئۇ خۇددى قۇرغاق تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ ئۆسكەن ئۆسۈملۈككە ئوخشايتتى. ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىزنى ئۆزىگە تارتقۇدەك چىرايلىقلىقى ياكى سالاپىتىمۇ يوق. ئۇنىڭ قىياپىتىمۇ جەلپ قىلارلىق ئەمەس. ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، ئۇلار نىڭ ئازراقمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن

دەرد-ئەلەم ۋە ئازاب-ئوقۇبەت كەلدى. ئەمما ئەمەلىيەت شۇكى، بىزنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىز بولساق، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ خۇدا تەرىپىدىن جازالانغانلىقى، ئۇرۇلغانلىقى ۋە ئازابقا ئۇچرىغانلىقى دەپ قارىدۇق! لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمىز ئۈچۈن يارىلاندى، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن زەخىملەندى، ئۇنىڭ جازالىنىشى بەدىلىگە بىز ئارام تاپتۇق. ئۇنىڭ قامچا يارىلىرى بەدىلىگە بىز شىپا تاپتۇق. بىز ھەممىمىز يولدىن ئازغان قوي پادىلىرىغا ئوخشاپ قالدۇق. ھەر بىرىمىز ئۆزىمىز تاللىغان خاتا يولنى داۋام ئېتىۋەردۇق. بىراق، پەرۋەردىگار ھەممىمىزنىڭ گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. ئۇ قىينىلىپ ئازاب چەككەن بولسىمۇ، ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ خۇددى بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلغان پاقلاندەك بوغۇزلاشقا يېتىلىدۇ، يۇڭ قىرقىغۇچىلار ئالدىدا ياتقان قويدەك ئۈن-تىن چىقارمىدى.

— ئۇ بىزنىڭ قىلغان يامان قىلمىشلىرىمىز ئۈچۈن جازالىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

— ئۇ مېنىڭ قوۋمىمنىڭ ئىتائەتسىزلىكىنى كەچۈرۈش ئۈچۈن ۋاباغا ئۇچرىدى گەرچە ئۇ ھېچقاچان زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان ھەم ھېچقانداق ھىيلە-مىكىرلىك سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ

— بىراق، ئۇنىڭ يانجىلىشى ۋە ئازاب چېكىشى خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان. گەرچە پەرۋەردىگار ئۇنىڭ جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلغان بىلەن، ئۇ ئۆز ئەۋلادلىرىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزارتىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ، كۆڭلى قانائەتلىنىپ مەمنۇن بولىدۇ.

— مېنىڭ ئادىل قۇلۇم ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئادىل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ئۇلۇغلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن بېرىمەن ۋە نېسىۋىسىنى زور قىلىمەن. چۈنكى، ئۇ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئۆزىنىڭ جېنىنى ئايىمىدى ۋە جىنايەتچى سۈپىتىدە

> قارىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، شۇنداقلا گۇناھكارلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلدى» (زەبۇر: «ياشايا كىتاب» 52ـ ۋە 53ـباب).

## ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئازاب چېكىشى ۋە شۆھرەتكە ئېرىشىشى

ھەزرىتى ئەيسا پات-پات ئەلچىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىنكار قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇستازىنىڭ ئېلىپ كېتىلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، خۇدا ئاللىبۇرۇن ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. خۇدا دۇنيادىكى گۇناھكارلارغا بولغان غەزىپىنى بىگۇناھ ھەزرىتى ئەيسانىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. خۇدانىڭ مەقسىتى بولسا ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق گۇناھ، يامانلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئىدى. شەيتاننىڭ چۈشەنچىسى چەكلىك بولغاچقا، ئۇ خۇدانىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى. ھەزرىتى ئەيسا كرېستكە مىخلىنىشتىن ئىلگىرى شۇنداق دېدى:

> «بۇ دۇنيا ئەمدى سوراققا تارتىلىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ـــ شەيتانمۇ ئەمدى ئاغدۇرۇلىدۇ. مەن يەردىن كۆتۈرۈلگىنىمدە، پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىمەن!» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 12ـباب، 31ـئايەتتىن 33ـئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا ئۆز ئۆلۈمىنىڭ شەيتاننىڭ كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، شەيتان ھەزرىتى ئەيسانى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرسەملا غەلىبە قىلىمەن، دەپ قارايتتى. شۇڭا، شەيتان ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئەلچىسى بولغان ئىشقارىيوتلۇق يەھۇدانى ھەزرىتى ئەيساغا ئاسىيلىق قىلدۇردى. كېيىن، يەھۇدىي ئاقساقاللار ئىشقارىيوتلۇق يەھۇدانىڭ ياردىمى بىلەن ھەزرىتى ئەيسانى تۇتۇپ، پەلەستىن ئۆلكىسىدىكى ۋالىي پىلاتۇسنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ۋالىي پىلاتۇس ھەزرىتى ئەيسانى سوراققا تارتقاندىن كېيىن، ئۇنى گۇناھسىز، دەپ قويۇپ بەرمەكچىدى. لېكىن، يەھۇدىيلار ھەزرىتى ئەيساغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇلار يوقىلاڭ بەتناملارنىمۇ

توقۇپ چىقىرىپ، ئۇنى «رىملىقلارنىڭ پەلەستىندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرماقچى بولدى ۋە ئۆزىنى پادىشاھ، دەپ ئاتىۋالدى» دېيىشتى. نەتىجىدە، ۋالىي پىلاتۇس ھەزرىتى ئەيسانى يەھۇدىي ئاقساقاللارنىڭ بېسىمى ئاستىدا كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرۈشنى ئەمر قىلدى. شۇڭا، رىملىق ئەسكەرلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، قامچىلاپ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ كرېستكە مىخلىدى. بىر نەچچە سائەتلىك قاتتىق قىينىلىشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ روھىنى خۇداغا تاپشۇردى.

ھەزرىتى ئەيسا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئاسماننى قارا تۈتەك بېسىپ، پۈتۈن زېمىن زىلزىلىگە كەلدى. شەيتان بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ ھەزرىتى ئەيسانىمۇ ئادەمئاتىنىڭ پۈتۈن ئەۋلادلىرىدەك ئۆلۈم بىلەنلا تۈگىشىدۇ، دەپ قارايتتى.

ھەزرىتى ئەيسا تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى بىر باي ئادەمنىڭ قەبرىسىگە قويدى. ھەزرىتى ئەيسانىڭ جەسىتى قەبرىدە ئۈچ كۈن تۇردى. ئۈچىنچى كۈنى، ھەزرىتى ئەيسا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن قايتا تىرىلدى! گۇناھنىڭ نەتىجىسى ئۆلۈمدۇر. ھەزرىتى ئەيسا گۇناھسىز، مۇقەددەس بولغاچقا، ئۆلۈمنىڭ كۈچى ئۇنى قەبرىدە تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ، شەيتاننى يەڭدى. ئەمدى ئۇ يېڭى ئىنسانىيەتنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، «ئىككىنچى ئادەمئاتا» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ روھىغا، مۇقەددەس روھتىكى يېڭى ھايات كىرگۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلۈمدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش تىرىلىدۇ. ئۇنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سوراققا تارتىلماي، جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغانلار بولسا، مۇقەررەر ھالدا، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. خۇددى ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىسى يۇھاننا ئېيتقاندەك:

> «ئۇلار دائىم يامانلىق قىلغاچقا، ‹ھەقىقىي نۇر› دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بۇ نۇرنى ئەمەس، زۇلمەتنى ياخشى كۆردى. شۇڭا، ئۇلار جازاغا تارتىلىدۇ. كىمدەكىم يامانلىق قىلسا، نۇرغا ئۆچ بولىدۇ ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىم ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، نۇردىن قاچىدۇ. لېكىن، كىمدەكىم ھەقىقەت بويىچە ئىش قىلسا، ئىشلىرىمنى خۇداغا تايىنىپ قىلغانلىقىم مەلۇم بولسۇن دەپ، نۇرغا يېقىن كېلىدۇ» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب،

19ـ ئايەتتىن 21ـ ئايەتكىچە).

ھەزرىتى ئەيسا تىرىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئەلچىلىرىگە كۆپ قېتىم كۆرۈندى. ئۇلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ تېنىنى سىلاپ، جاراھەت ئىزلىرىنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. 40 كۈن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەيسا ئەرشئەلاغا قايتتى. جەننەتكە كۆتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئۆز ئەلچىلىرىگە كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇنياغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغاندى. ئۇنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى تۆۋەندىكىچە:

«ئەيسا ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنداق دېدى: ‹ ئەرشتە ۋە يەر يۈزىدە پۈتۈن ھوقۇق ماڭا بېرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنى مېنىڭ مۇرىتلىرىم قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار. ئۇلارنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھنىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈڭلار. سىلەرگە بۇيرۇغان ھەممە بۇيرۇقلىرىمغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مەن سىلەر بىلەن تاكى قىيامەت كۈنىگىچە، دائىم بىللە بولىمەن ›» (ئىنجىل: «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 28ـ باب، 18ـ ئايەتتىن 21ـ ئايەتكىچە).

كېيىن، ئۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ، خۇدانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ خۇش خەۋىرى

خۇدا ھەزرىتى ئەيساغا پۈتۈن قۇدرەت ۋە ھوقۇقنى، جۈملىدىن گۇناھ ۋە ئۆلۈمنى يېڭىش قۇدرىتىنى ئاتا قىلغان. ھەزرىتى ئەيسا بوگۇن ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بارلىق كىشىلەرگىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قۇدرەتنى، يەنى گۇناھ، ياسىق روھ ۋە جادۇگەرلەرنى يېڭىش قۇدرىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىگە ئەگىشىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا گۇناھنىڭ كۈچىدىن قۇتقۇزۇلىدىغان كۈچ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئامانلىققا، ھەقىقەتكە، مېھىرـ مۇھەببەتكە ھەم ھەقانىيەتكە تولغان يېڭى تۇرمۇش ئۆتكۈزىلىدىغان بولىدۇ.

نۇرغۇن چاغلاردا، ھەزرىتى ئەيسا: «خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم» دېگەنىدى. قىسقىسى، بۇ خۇش خەۋەرنى مۇنداق چۈشىنىشكە

بولىدۇ: «خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ۋە ئاققۇزغان قېنىنى گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا تۆلەنگەن بەدەل، دەپ ئىشىنىپ، توۋا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈلۈپ قۇتقۇزۇلۇش تاپىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى خۇدانىڭ بىزگە قىلغان سوۋغىتى سۈپىتىدە قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ، بىزگە گۇناھ قىلماسلىق ئۈچۈن كۈچ ئاتا قىلىدۇ. خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىمىزنى «قايتىدىن تۆرەلگەن»دەك ھېس قىلىمىز. «قايتىدىن تۆرەلگەن»دىن كېيىنلا خۇدانىمۇ ۋە باشقا ئادەملەرنىمۇ (كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) سۆيىدىغان بولالايمىز. بۇ يېڭى ھاياتىمىزمۇ بىزنى تەبىئىي تۇغۇلۇشىمىز ئېلىپ كەلگەن لەنەت ۋە روھىي ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ. ھەزرىتى ئەيساغا مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يېڭى ھاياتقا ئىگە. يېڭى ھاياتقا ئىگە بولغانلىقىمىزدىن ياراتقۇچى خۇدا بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتىمىز ئەسلىگە كېلىپ، شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز.

ھەزرىتى ئەيسا بۇ «قايتىدىن تۆرىلىش»نىڭ خۇدانىڭ سەلتەنىتىگە كىرىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەرىپلەپ ئۆتكەندى:

> «ــ بىلىپ قويۇڭكى، ھېچكىم قايتىدىن تۆرەلمىگۈچە خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى كۆرەلمەيدۇ! ..... بىلىپ قويۇڭكى، ھەم سۇدىن، ھەم خۇدانىڭ روھىدىن تۆرەلمىگۈچە، ھېچكىم خۇدانىڭ پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ! ئاتا-ئانىسىدىن تۆرەلگەنلەر جىسمانىي ھاياتلىققىلا ئىگە بولىدۇ. بىراق، خۇدانىڭ روھىدىن تۆرەلگەنلەر روھىي ھاياتلىققىمۇ ئىگە بولىدۇ!» (ئىنجىل: «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 3-باب، 3-، 5- ۋە 6-ئايەت).

قايتىدىن تۆرەلگەندىلا، قەلبىمىزنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. قەلبى يېڭىلانغان كىشىلەرلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ. كونا تەبىئىتىمىز ئادەمئاتىنىڭ گۇناھى بىلەن كىرلەشكەن بولغاچقا جەننەتكە كىرەلمەيمىز. بىز بەلكىم ناھايىتى ئەخلاقلىق مۆمىنلەردىندۇرمىز، شۇنداقلا دىنىي كۆز-قاراشقا ئىگە بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. بىراق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان ھەرقانداق ساخاۋەتلىرىمىز بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمايدۇ! ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىنىشقا قادىر ئەمەستۇر! ھەر قانچە تىرىشساقمۇ، ئۆزىمىزگىلا تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيمىز. خۇدانىڭ

ئىلتىپاتىلا بىزنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈردى. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق يېزىلغان:

«سىلەر ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلىپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ قۇتقۇزۇلۇش ئۆزۈڭلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپاتتۇر» (ئىنجىل:«ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 2-باب، 8- ئايەت).

پۈتۈن ئىنسانلار قۇتقۇزۇلۇشقا موھتاج، ھېچكىم ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالمايدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ، دەپ قاراش تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى. تەكەببۇرلۇق شەيتان ۋە ئادەمئاتىنىڭ دەسلەپكى گۇناھى. مۇكەممەل بولمىغان بىزلەر مۇكەممەل خۇدانىڭ ئالدىدا قانداق قىلىپ تۇرالايمىز؟ خۇدانىڭ نەزىرىدە بىزنىڭ بارلىق ئادالەتمىز ۋە ساۋابلىق ئىشلىرىمىز پەقەت بىر سېسىق لاتىغا ئوخشايدۇ، خالاس! پەقەت ئىمان-ئېتىقاد بولغاندىلا، خۇدانى خۇرسەن قىلغىلى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى، خۇدا ھەممە يەردىن قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكەنلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىدۇ. ئۇلار جەننەتتە خۇدانىڭ يورۇقلۇقىدا مەڭگۈ ياشايدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ يۇھانا ئىسىملىك بىر ئەلچىسى ياشىغان ۋاقتىدا، جەننەت ھەققىدىكى ۋەھىيگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«يېڭى ئاسمان، يېڭى زېمىن
ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، يېڭى ئاسمان بىلەن يېڭى زېمىننى كۆردۈم، چۈنكى ئالدىنقى ئاسمان ۋە ئالدىنقى زېمىن غايىب بولغانىدى. دېڭىزمۇ غايىب بولغانىدى. مۇقەددەس شەھەرنىڭ، يەنى يېڭى قۇددۇسنىڭ ئۆز يىگىتى ئۈچۈن چىرايلىق ياسىنىپ جابدۇنغان كېلىندەك ئەرشتىن خۇدانىڭ يېنىدىن چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم. تەختتىن كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق بىر ئاۋازنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مانا، خۇدانىڭ ئۆيى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىدۇر، خۇدامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى بولىدۇ. خۇدانىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن پۈتۈن ياشلارنى ئېرتىپ قۇرۇتىدۇ. ئەمدى ئۆلۈم بولمايدۇ، ئەمدى نە ماتەم، نە يىغا-زار، نە قايغۇ-ئەلەم بولمايدۇ، چۈنكى بۇرۇنقى ئىشلار ئەمەلدىن

قالدى. بۇ چاغدا، تەختتە ئولتۇرغۇچى شۇنداق دېدى: «قاراڭلار، ھەممىنى يېڭىلايمەن!» كېيىن، ئۇ يەنە: «بۇلارنى يېزىۋال، چۈنكى بۇ سۆزلەر ئىشەنچلىك ۋە ھەق كالام» دېدى. «ئىش تامام!» دېدى ئۇ ماڭا، «ئالفا ۋە ئومېگا، تۇنجىسى ۋە كەنجىسى ئۆزۈمدۇرمەن. ئۇسسىغانلارغا ئابىھايات بۇلىقىدىن ھەقسىز سۇ بېرىمەن. غەلىبە قىلغۇچى ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا تەڭرى بولىمەن. ئۇمۇ ماڭا ئوغۇل بولىدۇ. لېكىن، قورقۇنچاق، ئېتىقادسىز، يىرگىنچلىك، قاتىل، زىنا قىلغۇچى، سېھىرگەر، بۇتپەرەس ۋە يالغانچىلارنىڭ ھەممىسىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى گۈڭگۈرت بىلەن يېنىپ تۇرغان ئوت دېڭىزىدىدۇر. مانا بۇ ئىككىنچى ئۆلۈمدۇر.

مۇقەددەس شەھەر

يەتتە چىنىسىگە ئاخىرقى يەتتە ئاپەت تولغان يەتتە پەرىشتىدىن بىرى كېلىپ ماڭا: «كەل!» دېدى، «قوزىغا ھەمراھ بولىدىغان كېلىننى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.» كېيىن، پەرىشتە مېنى روھنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن چوڭ ۋە ئېگىز بىر تاغقا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردىن ماڭا ئەرشتىكى خۇدانىڭ يېنىدىن چۈشكەن ۋە ئۇنىڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان مۇقەددەس شەھەر قۇددۇسنى كۆرسەتتى. شەھەرنىڭ جۇلاسى ئىنتايىن ئېسىل بىر گۆھەر تاشنىڭ، يەنى زۇمرەتتەك يالتىرىغان خرۇستالنىڭ جۇلاسىغا ئوخشايتتى. چوڭ ۋە ئېگىز سېپىللىرى ۋە ئون ئىككى دەرۋازىسى بار بولۇپ، دەرۋازىلارنى ئون ئىككى پەرىشتە ساقلايتتى. كۈن چىقىشتا ئۈچ دەرۋازا، شىمالدا ئۈچ دەرۋازا، جەنۇبىدا ئۈچ دەرۋازا ۋە كۈن پېتىشتا ئۈچ دەرۋازا بار ئىدى. شەھەرنى قورشاپ تۇرغان سېپىللارنىڭ ئون ئىككى ئۇل تېشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئۈستىگە قوزىنىڭ ئون ئىككى ئەلچىسىنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغانىدى. ماڭا گەپ قىلغان پەرىشتىنىڭ قولىدا شەھەرنى ۋە شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى بىلەن سېپىللىرىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئالتۇن ئۆلچىگۈچ قومۇش بار ئىدى. شەھەر تۆت چاسا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئېنىگە تەڭ ئىدى.

پەرىشتە شەھەرنى قومۇش بىلەن ئۆلچىدى. ھەربىر يېنى ئون ئىككى مىڭ چاقىرىم كەلدى. ئۇزۇنلۇقى، ئېنى ۋە ئېگىزلىكى بىر-بىرىگە تەڭ ئىدى. پەرىشتە سېپىللارنىمۇ ئۆلچىدى. بۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بىر يۈز قىرىق تۆت ئارشىن ئېگىزلىكتە كۆردى. سېپىللار زۇمرەتتىن ياسالغاندى. شەھەر ئەينەكتەك سۈزۈك ساپ ئالتۇندىن بىنا قىلىنغاندى. شەھەر سېپىللىرىنىڭ ئۇللىرى ھەر خىل ئېسىل تاشلار بىلەن بېزەلگەندى. بىرىنچى ئۇل تېشى زۇمرەت، ئىككىنچىسى كۆك ياقۇت، ئۈچىنچىسى يېشىل ھېقىق، تۆتىنچىسى يېشىل ياقۇت، بەشىنچىسى ئاق ھېقىق، ئالتىنچىسى قىزىل ھېقىق، يەتتىنچىسى سېرىق ياقۇت، سەككىزىنچىسى زەڭگەر زۇمرەت، توققۇزىنچىسى كۆك زۇمرەت، ئونىنچىسى سېرىق زۇمرەت، ئون بىرىنچىسى زەڭگەر ياقۇت ۋە ئون ئىككىنچىسى سۆسۈن ياقۇت ئىدى. ئون ئىككى دەرۋازا ئون ئىككى مەرۋايىتتىن ئىدى، يەنى دەرۋازىلارنىڭ ھەربىرى بىردىن مەرۋايىتتىن ياسالغاندى. شەھەرنىڭ غول يولى ئەينەك سۈزۈكلىكىدىكى ساپ ئالتۇندىن ئىدى. شەھەردە ئىبادەتخانا كۆرمىدىم، چۈنكى ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار خۇدا ۋە قوزا شەھەرنىڭ ئىبادەتخانىسىدۇر. شەھەرنىڭ يورۇتۇلۇشى ئۈچۈن قۇياش ياكى ئاي ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى، خۇدانىڭ نۇرى ئۇنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، قوزا ئۇنىڭ چىرىغىدۇر. دۇنيادىكى ئەللەر شەھەرنىڭ يورۇقىدا مېڭىشىدۇ. دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى بايلىقلىرىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشىدۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى كۈن بويى تاقالمايدۇ. ئۇ يەردە زادى كېچە بولمايدۇ. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مال-دۇنيا ۋە بايلىقلىرى ئۇ يەرگە توشۇلىدۇ. ئۇ يەرگە ھەرقانداق ناپاك نەرسە، شۇنداقلا يىرگىنچلىك ۋە ساختا ئىشلارنى قىلغۇچى ھەرقانداق كىشى كىرەلمەيدۇ؛ نامى پەقەت قوزىنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىدا يېزىلغانلارلا كىرىدۇ.

ئابىھايات دەرياسى

پەرىشتە ماڭا خۇدانىڭ ۋە قوزىنىڭ (ھەزرىتى ئەيسانىڭ) تەختىدىن چىققان خرۇستالدەك سۈزۈك ئابىھايات

دەرياسىنى كۆرسەتتى. شەھەرنىڭ غول يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاقىدىغان دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە ئون ئىككى خىل مېۋە بېرىدىغان ۋە ھەر ئايدا مېۋىلەيدىغان ھاياتلىق دەرىخى بار ئىدى. دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىنسانلارغا شىپا بولاتتى. ئۇ يەردە خۇدانىڭ لەنىتى تېگىدىغان ئىشلار قالمايدۇ. خۇدانىڭ ۋە قوزىنىڭ تەختى شەھەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ ۋە خۇدانىڭ قۇللىرى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ، پېشانىلىرىگە ئۇنىڭ نامى يېزىلىدۇ. ئۇ يەردە كېچە بولمايدۇ، نە چىراغ يورۇقى، نە قۇياش يورۇقىغا ھاجەت قالمايدۇ. پەرۋەردىگار خۇدا ئۇلارغا نۇر بولىدۇ ۋە ئەبەدىلئەبەد ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ھەزرىتى ئەيسانىڭ دۇنياغا قايتىپ كېلىشى
پەرىشتە ماڭا: ‹ بۇ سۆزلەر ئىشەنچلىك ۋە ھەقتۇر › دېدى، ‹ پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرىنىڭ تەڭرىسى بولغان پەرۋەردىگار يېقىن ئارىدا بولىدىغان ۋەقەلەرنى ئۆز قۇللىرىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن، پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى ›. ھەزرىتى ئەيسا شۇنداق دېدى: ‹ قاراڭلار، پات ئارىدا كېلىمەن! بۇ كىتابتىكى بېشارەتلەرگە ئەمەل قىلغانلار نەقەدەر بەختلىك! ›» (ئىنجىل: «ۋەھيي» 21ـ ۋە 22 ـ باب).

خۇدا بەلگىلىگەن قىيامەت كۈنىگە ئاز قالدى. ھەزرىتى ئەيسا تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرەت ۋە شان ـ شەۋكەت بىلەن بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىپ بىزنى سوت قىلىپ، شەيتاننى دوزاخقا تاشلايدۇ. ھەممە ئادەم ھەزرىتى ئەيسانى كۆرىدۇ. ئىنجىلدىن ئوقۇيمىزكى، قىيامەت كۈنى يېتىپ كەلگەندە، ھەزرىتى ئەيسا خۇددى پادىچىلار قوي بىلەن ئۆچكىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغاندەك، ئىنسانلارنىمۇ ئايرىيدۇ. تەكەببۇر، جاھىل ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلارغا: «مەندىن نېرى تۇرۇڭلار!» دەپ، ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ. بىراق، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارغا: «يېقىنراق كېلىڭلار! ئەي خۇدا بەختلىك قىلغانلار» دەپ، جەننەتتىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلار ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يەپ، خۇدانىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس نۇرى ۋە شان ـ شەرىپىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئامىن!